# ئەمەللەر ئالتە تۈرلۈكتۇر، ئىنسانلار تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەت مەۋجۇتتۇر. قىلغىنىغا ئوخشاش جازا، ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە ۋە ياخشىلىق ئۆزىنىڭ يەتتە يۈز باراۋىرىگىچە

خۇرەيم بىن پاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەر ئالتە تۈرلۈكتۇر، ئىنسانلار تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەت مەۋجۇتتۇر. قىلغىنىغا ئوخشاش جازا، ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە ۋە ياخشىلىق ئۆزىنىڭ يەتتە يۈز باراۋىرىگىچە بولىدۇ. ئەمما ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەت: ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلگەن كىشى دوزاخقا كىرىدۇ. قىلغىنىغا ئوخشاش جازا: كىمكى ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى كۆڭلىدە ھېس قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىدۇ، ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر يامانلىق قىلغان كىشىگە بىر يامانلىق يېزىلىدۇ، كىمكى بىر ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر نەرسىنى نەپىقە قىلسا ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە يۈز ياخشىلىق بولىدۇ. ئەمما ئىنسانلار: دۇنيادا كەڭرىچىلىكتە، ئاخىرەتتە قىيىنچىلىقتا بولىدىغان، دۇنيادا قىيىنچىلىقتا بولغان ئاخىرەتتە كەڭرىچىلىكتە بولىدىغان، دۇنيا-ئاخىرەتتە قىيىنچىلىقتا بولىدىغان، دۇنيا -ئاخىرەتتە كەڭرىچىلىكتە بولىدىغانلاردىن ئىبارەتتۇر».

[ھەسەن] [ئەھمەد رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەمەللەرنىڭ ئالتە تۈرلۈك بولىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ تۆت تۈرلۈك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى، ئالتە تۈرلۈك ئەمەللەر: بىرىنچى: ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ۋاپات بولغان كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولدى. ئىككىنچى: ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلگەن كىشىگە دوزاختا مەڭگۈ قىلىش ۋاجىپ بولدى. ئۇ ئىككىسى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەتتۇر. ئۈچىنچى: مەنىۋي ياخشىلىق، كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن، نىيىتىدە سەمىمى بولىدىكەن ھەتتا ئۇنى قىلىشنى دىلىدا ھېس قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر، ئاندىن بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن مەقسەت قىلغان بۇ ياخشىلىقنى قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يىزىلىدۇ. تۆتىنچى: قىلىنغان يامانلىق، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە بىر يامانلىق يېزىلىدۇ. بۇ ئىككىسى: زىيادە قىلىنماستىن قىلغىنىغا ئوخشاش جازا بېرىلىدىغان ئىشتۇر. بەشىنچى: ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە بولىدىغان ياخشىلىق، ئۇ: بىر كىشى ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلسا ئۇ كىشىگە ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئالتىنچى: ئۆزىنىڭ يەتتە يۈز باراۋىرىگىچە بولىدىغان ياخشىلىق، ئۇ: بىر كىشى ئاللاھ يولىدا بىر نەرسىنى نەپىقە قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇ ياخشىلىق يەتتە يۈز ياخشىلىققىچە يېزىلىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى ۋە سېخىلىقىدۇر. ئەمما تۆت تۈرلۈك كىشىلەر بولسا ئۇلار: بىرىنچى: دۇنيادا رىزىقلىرى كەڭرى قىلىنغان، خالىغانچە نېمەت بېرىلگەن، لېكىن ئاخىرەتتە تار قىلىنغان ۋە ئاقىۋېتى دوزاخ بولغان كىشى بولسا ھاياتلىقىدا كۆپلەپ مال دۇنيا بېرىلگەن باي كاپىردۇر. ئىككىنچى: دۇنيادا رىزقى تار قىلىنغان لېكىن ئاخىرەتتە كەڭرى قىلىنغان ئاخىرىقى بارىدىغان جايى جەننەت بولغان كىشى ئۇ كەمبەغەل مۇئمىندۇر. ئۈچىنچى: دۇنيا-ئاخىرەتتە قىيىنچىلىقتا بولىدىغان كىشى ئۇ كەمبەغەل كاپىردۇر. تۆتىنچى: دۇنيا-ئاخىرەتتە كەڭرىچىلىكتە بولىدىغان كىشى ئۇ باي مۇئمىندۇر.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee